السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئىككى مۇسۇلمان بىر-بىرىگە قىلىچ كۆتۈرۈپ ئۇچراشسا، ئۆلگۈچى ۋە قاتىل ھەر ئىككىسى دوزاختا بولىدۇ

ئەبى بەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ئىككى مۇسۇلمان بىر-بىرىگە قىلىچ كۆتۈرۈپ ئۇچراشسا، ئۆلگۈچى ۋە قاتىل ھەر ئىككىسى دوزاختا بولىدۇ» مەن: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! قاتىلغۇ دوزاختا كىرسۇن، ئەمما ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ نىمە خاتالىقى بار؟ دەپ سورىسام، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ھەمراھىنى ئۆلتۈرۈشكە ھېرىس بولغان» دېدى.
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى، ئىككى مۇسۇلمان قىلىچ كۆتۈرۈپ ھەر بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشسا، قاتىل ئۆز ھامراھىنى بىۋاستە ئۆلتۈرگەنلىك سەۋەبىدىن دوزاختا بولىدۇ. ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭمۇ دوزاختا كېرىدىغانلىقى ساھابىلارغا بىر ئاز غەلىتە بىلىنىپ: ئۇ نىمە ئۈچۈن دوزاختا بولىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارغا خەۋەر بېرىپ: ئۇ كىشىمۇ ئۆزىنىڭ ھەمراھىنى ئۆلتۈرۈشكە ھېرىسمەن بولغان بولۇپ، ئۇ بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەمراھىنى ئۆلتۈرەلمەي ئەكسىچە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى دېدى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4304

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee